ئەسلا ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتى يوق ھەر خىل ئېقىم ۋە كۆز قاراش ئاساسىدا قانۇن ۋە نىزاملار تۇرغۇزۇلدى. ھەتتا تېرىك - تېرىك ھەرە بىلەن ئىككى تىلىم قىلىپ تاشلاندى، بەلكى ئورەك كولىنىپ، قوزۇق قېقىلىپ، قۇزۇقتا ئولتۇغۇزۇلۇپ ئارقىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە قۇرئان كەرىمنىڭ «ئەسھابۇل ئۇخدۇد» سۈرىسىدە ئومۇمى شەكىلدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ پاجىئەلىك ۋەقە بۈگۈنكىدەك مەدەنىيەتلىك، ساپاسى ئۈستۈن ئىنسانلار شەكىللەندۈرگەن جەمئىيەتتىمۇ يۈز بەرمەكتە، بەلكى ئەينى چاغدىكىدىن تۈركەملەپ، ھەسسىلەپ ئېشىپ مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ، ھەتتا مىللەتلەرنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتىۋېتىش مەقسىتىدە ھەر خىل باھانە سەۋەبلەر ئويىدۇرۇلماقتا. ئالىدىغان بولساق 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولشىۋىكلاردىن كېيىن دەۋر بېشىغا چىققان لېنىن يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان دىكتاتۇر ستالىن ھاكىمىيىتىنىڭ قانلىق قولى ئارقىسىدا نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ قېنى ئاققان بولسا، ئارقىدىن ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدا قانچىلىغان خەلقنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلدى...! بۈگۈنكى كۈنىمىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە ھەر تۈردە مەقسەتلىك تۆھمەتچىلىك، ئەسەبى مىللەتچىلىك، ئېتىقادى تەئەسسۇبىيەتچىلىك، سىياسى غەرەز ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشى ئاستىدا پەلەستىن، بوسنا، كوسوۋا، چېچەنىستان، ئافغانىستان، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان قانلىق ۋەقەلەر ئادەمنى تولىمۇ سەسكەندۈرىدۇ.

دېمەككى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۇ تراگېدىيەلىك ھادىسىلەر، زۇلۇملار، ئىنسانلارنىڭ جانابى ئاللاھ ئىنسان، شۇنداقلار پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ھايات نىزامى ۋە بەخت - سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن كۆرسەتكەن توغرا يولدىن چەتنەپ، ئۇ لىزىم بۇ لىزىم دەپ داۋراڭ سېلىپ، ھەيۋە قىلىشلىرى، ئىنسانلارغا يالغاندىن جەننەت ۋەدە قىلىشلىرى ئادەتتە قۇرۇق سەپسەتە ۋە ئەمەلىيەتسىز قۇرۇق داۋراڭدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنىڭ، ھەرقانداق نىزام ۋە سىستېمىلارنىڭ ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنىڭ ئەمەلى پاكىتى.